# 37715 ـ روزىدار ئەر-ئاياللاردىن مەزى كەلسە، بۇنىڭ روزىغا تەسىرى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا

## سۇئال

ئادەتتىكى سەۋەپلەردىنمۇ شەھۋىتىمنىڭ كۆپ قوزغىلىشىدىن ئىچىم پۇشىدۇ، يولدىن ئۆتسەم ياكى ئايالغا تۇيۇقسىز قاراپ قالسام، بۇنداق ۋاقىتتا تېزدىن كۆزۈمنى يۇمىۋالىمەن، لېكىن بىر نەرسە كېلىدۇ، بەزى ۋاقىتتا ئولتۇرسام پىكىر-خىياللار كېلىدۇ، دەرھال ئۆزۈمنى يىغىمەن، شۇنداقتىمۇ يەنە بىر نەرسىلەر كېلىدۇ، بۇنداق ھالەتتە روزام بۇزۇلامدۇ؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

مەزى پىكىر-خىيال قىلىش سەۋەبىدىن كەلسۇن ياكى ئەر كىشى ئايالىنى سۆيۈپ قويۇش بىلەن كەلسۇن ياكى ئۇنىڭدىن باشقا سەۋەبلەردىن كەلسۇن، بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ، بۇ ئىمام شافىئى رەھىمەھۇللاھنىڭ مەزھىبى" ] .ئەلمەجمۇ- 6 " توم- 323 بەت.]

ئىسلام پېشۋاسى ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ" ئەل ئىختىيارات- 193 "بەتتە مۇنداق دەيدۇ " :ئايالىنى سۆيۈپ قويۇش ياكى سىلاپ قويۇش ياكى تەكرار قاراش سەۋەبىدىن مەزى كەلسە بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ، بۇ ئىمام ئەبۇ ھەنىپە، ئىمام شافىئى ۋە بىزنىڭ بەزى ئالىملىرىمىزنىڭ قارىشىدۇر. "

ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھمۇ بۇ قاراشنى تاللاپ" شەرھىل مۇمتى- 6 "توم- 390 بەتتە مۇنداق دېگەن " :يۇقىرىقى قاراشلاردىن بولغان دەلىل روزىنىڭ بۇزۇلمايدىغانلىقىغا دەلىلدۇر، چۈنكى روزا ئىنسان شەرئى يول بىلەن باشلىغان بىر ئىبادەت بولۇپ، بۇ ئىبادەت پەقەت شەرئى دەلىل بىلەن بۇزۇلىدۇ".

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.